# ئاللاھ تائالا كىمگە ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا ئۇ كىشىنى دىنى ئەھكاملارنى چۈشىنىدىغان قىلىدۇ

مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنىغان ھەدىستە، ئۇ كىشى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئېدىم دەيدۇ: «ئاللاھ تائالا كىمگە ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا ئۇ كىشىنى دىنى ئەھكاملارنى چۈشىنىدىغان قىلىدۇ، ھەقىقەتەن مەن تەقسىم قىلغۇچى، ئاللاھ ئاتا قىلغۇچى، مۇشۇ ئۈممەت ئاللاھنىڭ بۇيرىقىنى بەرپا قىلغان مۇددەتچە ئۇلارغا قارشى تۇرغۇچىلار، ئۇلارغا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، ھەتتا ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى كەلگەنگە قەدەر شۇنداق بولىدۇ».
[تېكىست توغرا] [بىرلىككە كەلگەن]

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام دەيدۇ: ئاللاھ تائالا بىر كىشىگە ياخشىلىق ئىرادە قىلسا، ئۇ كىشىگە دىننى چۈشىنىدىغان بىر ئىدراك ئاتا قىلىدۇ، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان رىزىق، ئىلىم ۋە باشقا نەرسىلەرنى ئۈلەشتۈرۈپ ۋە تەقسىم قىلىپ بەرگۈچىدۇر. ھەقىقەتتە ئاتا قىلغۇچى ئاللاھدۇر. ئەمما ئۇنىڭ غەيرىدىكى ئىشلار بولسا سەۋەپ-چارە بولۇپ، ئۇمۇ پەقەت ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن مەنپەئەت قىلىدۇ. مۇشۇ ئۈممەت ئاللاھنىڭ بۇيرىقىنى ئادا قىلىشنى داۋام قىلىدىكەن تاكى قىيامەتكە قەدەر ئۇلارغا قارشى تۇرغۇچىلار ئۇلارغا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ.

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/5518